شىنجاڭ گېزىتى
2020 - يىل 9 - ئاي
15
سەيشەنبە
维吾尔文 9 月15日
新疆日报  شىنجاڭ گېزىتى
شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى    新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57    ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com    25185 - سان    بۈگۈن 4 بەت

# شى جىنپىڭ گېرمانىيە، ياۋروپا ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇچرىشىش ئۆتكۈزدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كەچتە بېيجىڭدا ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ نۆۋەتچى رەئىس دۆلىتى گېرمانىيەنىڭ زۇڭلىسى مېركېل، ياۋروپا كېڭەشنىڭ رەئىسى مىچېل، ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋوندېرلېيىن بىلەن بىرلىكتە ئۇچرىشىش ئۆتكۈزدى، ئۇچرىشىش سىن شەكلىدە ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو - گېرمانىيە - ياۋروپا ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتى توغرىسىدا چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، كېيىنكى باسقۇچتىكى جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتى ئۈچۈن يۆنىلىش پىلانلاپ، نۇقتىلىق ساھەلەرنى بېكىتىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇش، ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، بۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى ئارىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم، زور سىياسىي قارارلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئۆزئارا ئىشەنچنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، تەڭ پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كۆپ تەرەپچىللىكنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇپ، يەر شارىۋى خىرىسلارغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

جۇڭگو - شۋېيتسارىيە، جۇڭگو - لىيچتېنشتېيىن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

## شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا شۋېيتسارىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ رەئىسى، لىيچتېنشتېيىنىڭ ۋاكالەتەن باشقۇرغۇچى تەخت ۋارىسى بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

« 2 - بەتتە

مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى «پىكىر» بېسىپ تارقاتتى

# «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

«پىكىر»دە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەسلىي ئەسەرنى ئوقۇش، ئەسلىي تېكىستنى ئۆگىنىش، قانۇنىيەتنى ئىگىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئىگىلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلىتىشكە داۋاملىق كۈچ سەرپ قىلىپ، پۈتۈن پارتىيەنى باشتىن - ئاخىر بىرلىككە كەلگەن ئىدىيە، قەتئىي ئىرادە، ماس ھەرىكەت، قۇدرەتلىك جەڭگىۋارلىقنى ساقلايدىغان قىلىش كېرەك.

غايە - ئېتىقاد تەربىيەسى ۋە پارتىيەۋىلىك تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەركەزلىك تەربىيەنى كۈندىلىك تەربىيە بىلەن بىرلەشتۈرۈش، تەشكىللىي تەربىيەنى ئۆز - ئۆزىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى ئېتىقاد ئاساسىنى مۇستەھكەملەش، مەنىۋى كالتسىيىنى تولۇقلاش، ئىدىيە رولىنى چىڭ تۇتۇشقا يېتەكلەش كېرەك. يىقىن، قولاي جايدىكى قىزىل بايلىق، پارتىيەۋىلىك تەربىيەسى بازىسى قاتارلىقلاردىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخى مەخسۇس تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارغا پارتىيە قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مۇھىم، زور ۋەقەلەر، مۇھىم يىغىنلار، مۇھىم ھۆججەتلەر، مۇھىم شەخسلەرنى ئۆگىتىپ، چۈشەندۈرۈپ، پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى، قىممەتلىك تەجرىبىسى ۋە ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، تارىخنى بىلىپ پارتىيەنى سۆيىدىغان، تارىخنى بىلىپ ۋەتەننى سۆيىدىغان قىلىش كېرەك.

دائىملىق سىياسىي جەھەتتە سالامەتلىكنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئۆزى ئۆستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئۆتكۈر قورالنى تولۇق، ياخشى ئىشلىتىپ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچقا خىلاپ تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، تۈزىتىپ پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ساپلىقىنى مەڭگۈ ساقلاش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شى جىنپىڭنىڭ «ئالەملار سۆھبەت يىغىنىدا قىلىنغان سۆز»ىنىڭ كىتابچىسى نەشر قىلىندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «ئالىملار سۆھبەت يىغىنىدا قىلىنغان سۆز»ىنىڭ كىتابچىسى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا تارقىتىلىدۇ.

# بىڭتۈەن 7 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ 7 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى

## چېن چۇەنگو قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى

### ۋاڭ جۈنجېڭ دوكلات بەردى ھەم سۆز قىلدى  پېڭ جىيارۇي قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 7 - ئومۇمىي يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پارتىيە كومىتېتىنىڭ 1 - شۇجىسى، 1 - جېڭۋېيى چېن چۇەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. بىڭتۈەن پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، جېڭۋېيى ۋاڭ جۈنجېڭ بىڭتۈەن پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن ئومۇمىي يىغىنغا خىزمەت دوكلاتى بەردى ھەم سۆز قىلدى. بىڭتۈەن پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىلىڭيۈەن پېڭ جىيارۇي يىغىنغا قاتناشتى.

چېن چۇەنگو سۆزىدە بۇ يىلدىن بۇيان بىڭتۈەننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىڭتۈەن خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ بىڭتۈەن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا كۆپ قېتىم مۇھىم سۆز قىلىپ، مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، يېڭى دەۋردىكى بىڭتۈەن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈش، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىڭتۈەن خىزمىتى توغرىسىدىكى ئورۇن بەلگىلىشى ۋە ئورۇنلاشتۇرما، تەلەپلىرىگە بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بىڭتۈەن يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىڭتۈەننىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچانلىق بىلەن دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك. قەتئىي بوشاشماي شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 96 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

## مۇشۇ ئاينىڭ 17 - كۈنى 18 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى ئېچىش قارار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 96 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى. يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 18 - قېتىملىق يىغىنىنى مۇشۇ ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈش قارار قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەر

# ئەبەدىي ئەمىنلىككە قاراپ مەردانە قەدەم تاشلاش

## —— يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى توغرىسىدا ئۇنىۋېرسال بايان (1)

[ ئىستون سۆزى ]

ئالتە يىل ئىلگىرى، 2 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىستراتېگىيە ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىنى پىلانلاپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باش نىشانى دەپ بېكىتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى. ئالتە يىلدىن بۇيان، تىيانشان ئوغۇل - قىزلىرى باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ بىپايان تۇپرىقىدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولدى. بۈگۈندىن باشلاپ، گېزىتىمىز «تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەر» مەخسۇس ئىستونى ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، ئېكولوگىيەنى قوغداش، پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە يۈز بەرگەن تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى، قولغا كەلتۈرگەن تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى جانلىق نامايان قىلىدۇ.




9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، قەشقەر قەدىمىي شەھىرى مەنزىرە رايونىدا شەھەرگە كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، تەرەپ - تەرەپتىن ساياھەت - ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا كەلگەن ساياھەتچىلەر قىزغىن كۈتۈۋېلىندى.  □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ئۆتكۈر نىجات فوتوسى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى ياڭ**

«شىنجاڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىنمۇ گۈزەل ئىكەن، ‹شىنجاڭ ياخشى جاي› دېگەن نام بىكارغا تارقالماپتۇ!» 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، سىچۇەن مېيەنياڭدىن كەلگەن ساياھەتچى لىيۇ رۇڭ كۆز يەسلىدىكى بوغدا كۆلىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلىنىپ، توختىماي ماختاپ كەتتى.

خۇددى ساياھەتچىلەر كۆرگەندەك، كۆز تۇسىغا چۆمگەن، گۈللەپ ياشنىغان «بىپايان شىنجاڭنىڭ گۈزەل مەنزىرە رەسىمى» كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى: پورتتا جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزلىرى ئۇچقاندەك قاتنايتتى؛ نانچىلىق كەسپى باغچىسىدا توقاچ نان كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىش ئۈمىدىنى زېمىنغا ئالدى؛ قوش تىل يەسلىسىدە بالىلارنىڭ جاراڭلىق كۈلكە سادالىرى ياڭرىدى؛ نامراتلارنى يۆلەش سېخىدا نامرات ئاماما نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا قاراپ ئەڭ ئاخىرقى ھۇجۇمنى قوزغىدى...

ۋاقىت ئۇن - تىنسىز ئۆتۈۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇللۇق ئەسلىمىلەر تۇنۇگۈنكىدەكلا ئەستە ساقلانغان: ئالتە يىل بۇرۇنقى باش ياز پەسلىدە، 2 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىستراتېگىيە ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىنى پىلانلاپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باش نىشانى دەپ بېكىتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈزبېرىشىگە تۈرتكە بولدى

□ **گېزىتىمىز ئوبزورچىسى**

شىنجاڭ ياخشى جاي، تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل. ئالتۇن رەڭلىك 9 - ئايدا، شىنجاڭ ساياھىتىنىڭ كۆچلۈك ئەسلىگە كېلىشىگە ئەگىشىپ، ھەر يەر - ھەر يەردىن كەلگەن ساياھەتچىلەر بۇ تۇپراقنىڭ گۈزەللىكى، ئىناقلىقىغا گۇۋاھ بولدى.

2 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغان ئالتە يىلدىن بۇيان، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم بولۇشى، ئىقتىسادىنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلىشى، ئاھما تۇرمۇشىنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق، ئىناق بولۇشى، دىنلارنىڭ ئېجىل، رايىش بولۇشى، چېگرا رايوننىڭ مۇستەھكەم، تىنچ بولۇشى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولدى، تۈرلۈك ئىشلار ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بۇ بىپايان تۇپراقتا تارىخىي ئۆزگىرىشلەر بولدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئۇقۇش يېتەكچىسى

6 يىلدىن بۇيان، ئەتراپىمىزدىكى ئۆزگىرىشلەر · بەختلىك تۇرمۇش كارتىنىلىرى ⑥

هەر ۋاقىت سىنلىق سۆزلەشكىلى بولىدىغان بولدى، جاھاننىڭ چېتىدە بولسىمۇ قوشنىلاردەك ئارىلىق يېقىن بولدى

« 4 - بەتتە